# مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي جايىدا تۈزىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىرادە، چىدامچانلىقنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك، ۋاقتىدا، جايىدا تۈزىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشنى «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى قىلىش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، مەسىلىنى تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىللە تۇتۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى باش مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى قەلبكە پۈكۈپ، قولدا تۇتۇپ، زىممىگە ئېلىپ، تۈرمۇتۈر نىشانغا توغرىلاپ تۈزىتىپ، ئاخىرغىچە تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» نەتىجىلىرىدىن قەتئىي ياخشى پايدىلىنىپ، كۆزىتىشتىكى «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى ياخشى قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، مەسىلىنى تۈزىتىشتە ئۆلچەمگە توغرىلىنىش كېرەك. مەسىلە يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرمۇتۈر ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ھېساباتقا توغرىلىنىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىش؛ تۈزىتىش تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تۈزىتىش لايىھەسىگە سىڭدۈرۈپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىش تىزىملىكى چىقىرىپ، بىرنى تۈزەتسە بىرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش، ھەممە ئىشنى ھەل قىلىش، ھەممە ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تۈزىتىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىش، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمتۈرتكە بولىدىغان تۈزىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۈزىتىش ئارقىلىق كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ۋۇقۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ناھىيەلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيەلەر كەنتلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كادىرلار ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىپ، بىر كەنتكە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگە ئېلىش ـ ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بايلىقىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامرات كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرگە يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىغا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى قەتئىي ھەل قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، نۇقتىلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۆلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى، ئوقۇشتىن چېكىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، نامرات نوپۇسنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىگنال بېرىش، كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، لايىھە، دەسلەپكى لايىھەنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىشنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى دەل جايىدا قىلىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە ياراتقۇچىلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، دائىملىق مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سىياسەتنىڭ ئومۇمىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كۈچى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە بىڭتۇەننىڭ شى (شەھەر)، تۇەن (چاڭ) لىرىغىچە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ مەكتەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ئوقۇتۇش تەييارلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىن ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر مەكتەپتە بىر لايىھە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئىچكىرى رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئەھۋالغا قاراپ ئوقۇش باشلاش، تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ.

---

# شىنجاڭ تۆمۈريولى «ئۈچ يىللىق يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشى»نى ئالغا سىلجىتىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل شىنجاڭ تۆمۈريولى ئۈچ يىللىق يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۆمۈريول لىنىيەسىدە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، يېشىل كارىدور ئارقىلىق تۆمۈريولنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى لىنىيە 6839 كىلومېتىرغا يەتتى، ئەمما 80%تىن كۆپرەك لىنىيە چۆل ـ باياۋان، ئېگىزلىك، سوغۇق ۋە شورلۇق يەرلەرگە جايلاشقان. بوران، قۇم، سۇ ئاپىتى تۆمۈريول ترانسپورتى چوڭ تومۇرىنىڭ راۋانلىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆمۈريولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېھاتە ئورمىنى تىككەندە تۆمۈريولنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، زىيانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. 2000 ـ يىلىلا شىنجاڭ تۆمۈريولى «مىڭ چاقىرىملىق يېشىل كارىدور» قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرغان. بۇ يىل، شىنجاڭ تۆمۈريولى يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۆمۈريول لىنىيەسىنى يېشىللاشتۇرۇشنى پىلانلىدى.

شىنجاڭ تۆمۈريولى 2000 ـ يىلدىن بۇيان تىكىلگەن 1300 گېكتار، 483 كىلومېتىر كۆكەرتىش ئورمىنى تېمىتىپ سۇغىرىش ـ پاكىزلاش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئېشىپ كېتىش، كۆكەرتىش قۇدۇقى سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىش، كۆكەرتىش تورۇبا تورى ۋە سۇ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، پائال مەبلەغ غەملەپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ئىش تەقسىماتى بويىچە رېمونت قىلىش ۋە تۈزەشكە تەشكىللەپ، ئەسلىدىكى كۆكەرتىش ئورمىنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان كۆكەرتىش ئورمان تۈرىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ تۆمۈريولى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، قۇم ئاپىتى يۈز بېرىدىغان جايلاردا شورىغا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئېھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىپ، سۇ مەنبەسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوت ـ چۆپكە، ئورمانغا باب كېلىش پرىنسىپى بويىچە تەجرىبە قىلىشقا تەشكىللىدى؛ ھازىر بار بولغان سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، سۇ مەنبەسى بار بېكەتنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېھاتە ئورمىنى تىكىشكە تەشكىللەپ، يېڭى قۇدۇق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، سۇغىرىش شارائىتى يېتەرلىك بولمىغان بۆلەكلەردە ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسىنى سىناپ قوللىنىپ، كۆچەت تىكىش سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

«شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ گېئولوگىيەلىك شارائىتى مۇرەككەپ، بىز تارماق رايونغا بۆلۈپ سىناق قىلىش ئارقىلىق، تەدرىجىي تەجرىبە توپلاپ، يېشىل كارىدورنى باياۋاندا يىلتىز تارتقۇزىمىز» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما يۇلۇڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنچىكە پىششىقلاشنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش ۋە شىنجاڭ سىرتىدا سېتىشتىن ئىبارەت «ئىككى تور»نى تېز بەرپا قىلىپ، سىرتقا سېتىش سۈپىتىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپلەر زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈپ، مەنپەئەت زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىش سۈپىسى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلاردىكى بازارلار بىلەن بولغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى «سېتىلىدىغان» «ياخشى سېتىلىدىغان» ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى كۆپەيتىشىگە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پىلانلاش ـ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ـ باھالاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەرىتىگە ئېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەزلىك، بىرلىككە كەلگەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان باشقۇرۇش يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. مالىيە سېلىنما كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ مەنبەلەشكەن سېلىنما مېخانىزمى ئورنىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تېجەش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

# 3 ـ كەسىپ ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىدىكى بىرىنچى چوڭ كەسىپكە ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈنۈمىنى ئېنىقلاپ، كەسىپكە تەشكىللەش، كەسىپ قۇرۇلمىسى، كەسىپ تېخنىكىسى، كەسىپ ھالىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەمدە ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ تەركىبىنى ئىگىلەپ، ئىسلاھات ـ تەرەققىياتتىكى يېڭى ئىلگىرىلەشنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىلمىي، توغرا بولغان ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئوبيېكتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2 ـ كەسىپ ۋە 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق قانۇنىي ئىگە ئورۇنلار، كەسىپ پائالىيىتى قىلىدىغان ئورۇنلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقىت نۇقتىسى 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن مەزگىلدىكى ماتېرىيال 2018 ـ يىلدىكى يىللىق ماتېرىيال.

# ۋۇسۇيۋەن «ئاقىل ئېلېكتىر ئىستانسىسى» تىرىشىپ 6 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە باشقۇرۇشتىكى ئالقىشلانغان ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرى، نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، بىر كۇنۇپكا بىلەن قوزغىتىش ـ توختىتىش (APS) قاتارلىق زامانىۋى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، يۈرۈشتۈرۈش، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق بۆلەكلەرنى ئەقلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىخەتەر، مۇھىت ئاسرايدىغان «ئاقىل ئېلېكتىر ئىستانسىسى» بەرپا قىلىندۇ. بۇ تۈرگە جەمئىي 4 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، پۈتكەندىن كېيىن يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 6 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشىدۇ، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بازىسىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دۆلەت ئېلېكتىر ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتى قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەردە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتتى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» 2 ـ يولىنىڭ ياندىشى يېڭى ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ـ موري 300 مىڭ كىلوۋاتلىق شامال ئېلېكتىر تۈردە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھازىر نەق مەيداندا قۇرۇلۇش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تولۇق سىغىمدا تورلاشتۇرۇش پىلانلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئېلېكتىر ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىگە قاراشلىق موري گويۈەن تيەنلى لاۋجۇنمياۋ شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسى، موري لاۋجۇنمياۋ جەنۇبىي يىغىلىش پونكىتى، توقسۇن يۈەنشىن شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، بالدۇر ئىش باشلاش، بالدۇر قۇرۇلۇش قىلىش، بالدۇر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئاشۇرماقتا.